5- قىسىم

# مۇھەممەت

**مۇھەممەت تارىختا ئۆتكەن قالتىس ئادەملەرنىڭ بىرى**

• مۇھەممەت ھەقىقەتەن تارىختا ئۇتتۇق قازانغان سىياسىيون، ھەربى ئالىم، قانۇن تۈزگۈچى، دىن تارقاتقۇچى، ناتىق ۋە باتۇر ئادەم. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ دۇنياغا مەنسۇپ بولغان 20 ئىمپىرىيە بىلەن روھى دۇنياغا مەنسۇپ بولغان بىر ئىمپىرىيەنى قۇرۇپ چىققان.

(L. Martyn: Histoire de la Turquie, 1854, Paris)

• مۇھەممەتنى قالتىس بىر داھى دىيىشكە بولىدۇ، ئۇ تارىختا زور ئۇتتۇق قازانغان، 1400 يىلدىن بۇيان دۇنيادىكى 25% ئادەمگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، ھازىرمۇ دۇنيادا بىر مىلياردتىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىلىرى بار بولۇپ، تەسىر كۈچى ھىلىھەم ناھايىتى چوڭ.

• مۇھەممەت ئۆزىنىڭ ئىناۋىتى ۋە دىنى ئەقىدىسىگە تايىنىپ، ئەرەب قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. سىياسەت، دىن، جەمىيەت، قانۇن قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بىر پۈتۈن سىستىما ۋە تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىققان. ئۇ يەنە بۇلارنى ھەركەتلەندۈرۈپ ئەتراپتىكى خەلقلەرگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ نۇرغۇن مىللەتلەرنى بويسۇندۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن.

• مۇھەممەت كىشىلەرنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ياندۇرۇپ، بىر ئاللاغا ئىبتىقات قىلىشقا دەۋەت قىلغان.

• مۇھەممەت ئەينى ۋاقىتتىكى بىر قىسىم كونا ئىجتىمائى ئىللەتلەرنى تۈزەتكەن.

**ئەمما مۇھەممەت راستىنلا پەيغەمبەرمۇ ؟**

• قۇرئاندا مۇھەممەت توغرىسىدا مۇنداق خاتىرلەنگەن:

  ○ مۇھەممەت ساۋاتسىز (خەت تونىمايدىغان) ئادەم. (قۇرئان 158،7:157)

بىراق بۇخارى ھەدىسلىرىدە بۇنىڭغا زىت كىلىدىغان بەزى مەزمۇنلار بولۇپ، مۇھەممەتنىڭ خەت ئوقۇيالايدىغانلىقى ۋە يازالايدىغانلىقى خاتىرلەنگەن. (ھەدىس بۇخارى 4:53:393،408 ، 5:59:717)

  ○ مۇھەممەت بىر پەيغەمبەر (قۇرئان 48:29) ؛ بىر ئاددى ئادەم (قۇرئان 18:110 ، 41:6) ؛ ئۇمۇ ئۆلىدۇ (قۇرئان 3:144 ، 39:30) .

• بىراق بەزى مۇسۇلمانلار مۇھەممەتنى ناھايىتى يوقىرى كۆتىرىدۇ، ئۇنى قۇتقۇزغۇچى دەپ قارايدۇ، ھەتتا ئۇنى خۇدا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا ئازلا قالىدۇ.

ئەمما بۇلار قۇرئاندىكى خاتىرىلەرگە ماس كەلمەيدۇ.

○ مۇھەممەت ھەممە ئادەمگە ساۋاق بېرىدۇ. (قۇرئان 7:158 ، 34:28)

○ مۇھەممەت ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر. (قۇرئان 33:40)

○ مۇھەممەت خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى. (قۇرئان 2:119 ، 13:7 ، 25:1 ،27:92 ، 29:50 ، 33:45 ، 34:28 ، 35:23 ، 41:4 )

يوقۇرقى بەزى ئايەتلەردە مۇھەممەتنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئاگاھلاندۇرغۇچىسى دېيىلگەن، ئەمما بەزى ئايەتلەردە «پۈتۈن دۇنيانىڭ» دېگەن سۆز يوق.

○ مۇھەممەت قوغدىغۇچى ۋە نازارەتچى ئەمەس. (قۇرئان 6:107 ، 10:108 ، 17:54) ؛ ئۇ پەقەت بىر تەلىم بەرگۈچى (قۇرئان 88:21,22 )

● تۆۋەندىكى ئايەتلەردە مۇھەممەتنى پەقەت ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبىرى دېيىلگەن بولۇپ، بۇلار «مۇھەممەت پۈتۈن دۇنيانىڭ پەيغەمبىرى» دېگەن يوقۇرقى ئايەتلەر بىلەن زىت كېلىدۇ. مۇھەممەت ئەرەپ مىللىتىدىن بولۇپ، ئەرەپ تىلىنىڭ قۇرەيش شىۋىسىدە سۆزلەيتى.

○ مۇھەممەت پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى، ھەر بىر مىللەتنىڭ بىر يېتەكچىسى بولىدۇ. (قۇرئان 13:7)

○ ئاللا ئوخشاش بىر مىللەتتىن بولغان پەيغەمبەرنى (مۇھەممەتنى) ئىلگىرى روشەن ئازغۇنلۇقتا يۈرگەن ئەرەپلەرگە قۇرئاننى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. (قۇرئان 62:2)

○ ئاللا مۇھەممەت ئارقىلىق مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەرەپلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن قۇرئاننى چۈشۈرىدۇ. (قۇرئان 6:92)

○ ئاللا مۇھەممەتكە ئەرەپ تىلىدىكى قۇرئاننى نازىل قىلىش ئارقىلىق مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكچى بولىدۇ. (قۇرئان 42:7)

○ ئاللا ئەرەپلەرنى چۈشەنسۇن دەپ قۇرئاننى ئەرەپ تىلىدا نازىل قىلىدۇ. (قۇرئان 43:3)

○ ئاللا ھەرقايسى مىللەتلەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتكەندە، پەيغەمبەرنىڭ شۇ مىللەتكە توغرا يولنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى ئۈچۈن، شۇ مىللەتنىڭ تىلىدا كىتاپ نازىل قىلىپ بېرىدۇ. (قۇرئان 14:4)

● قۇرئاندا ئەينى ۋاقىتتا ئىسلامغا كىرمىگەن ئادەملەرنىڭ مۇھەممەت توغرىسىدا

ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرى خاتىرلەنگەن:

- مۇھەممەت ئاللانىڭ نامى بىلەن يالغاننى توقۇغان. (قۇرئان 16:101 ، 34:7،8 ، 42:24)
- مۇھەممەت ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەم. (قۇرئان 15:6 ، 7:184 ، 34:8،46 ، 44:14 ، 51:52 ، 52:29 ، 68:2 ، 81:22 )
- مۇھەممەت تەلۋىلەشكەن بىر شائىر. (قۇرئان 37:36 )
- مۇھەممەت بىر سېھرىگەر، يالغانچى. (قۇرئان 38:4 ، 10:2 ، 21:5 ، 51:52 )
- مۇھەممەت بىر پالچى. (قۇرئان 52:29 )
- مۇھەممەت ئازغان ئادەم. (قۇرئان 25:8)
- مۇھەممەت ئەخمىقانىلارچە جۆيلۈيدىغان ئادەم. (قۇرئان 21:5)

● مۇھەممەت ھېچقانداق مۆجىزە كۆرسىتەلمىگەن.

- قۇرئاندا پەيغەمبەردە ئۇچۇق مۆجىزە بولىشى كېرەكلىكى ئەسكەرتىلگەن. (قۇرئان 3:183 ، 6:109 ، 40:78)
- قۇرئاندا مۇھەممەت توغرۇلۇق مۇنداق خاتىرلەنگەن:

■ مۇھەممەتنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلى قۇرئاننىڭ ئۇنىڭغا نازىل بولىشىدۇر. (قۇرئان 6:19)

■ مۇھەممەت خەت ئوقۇيالمايتى ھەم يازالمايتى. ئاللانىڭ قۇرئاننى ئۇنىڭغا نازىل قىلىشىنىڭ ئۆزىلا بىر روشەن مۆجىزىدۇر. (قۇرئان 49-29:47 )

■ قۇرئاندىن باشقا، مۇھەممەت خۇدادىن كەلگەن ھېچقانداق بىر مۆجىزىنى كۆرسىتەلمىگەن. (20:133 ، 10:20 ، 13:7 ، 28:48 ، 29:50 )

■ مۇھەممەت ھېچقانداق مۆجىزە كۆرسىتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، يەھۇدىلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. مۇھەممەتمۇ مۆجىزە كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئاددى بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. (قۇرئان 93-17:90 )

● بەزى ھەدىسلەردە مۇھەممەتنىڭمۇ مۆجىزە كۆرسەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ، ئەمما بۇلار قۇرئاندىكى يوقۇرقى ئايەتلەرگە زىت بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە توقۇپ چىقىرىلغان رىۋايەتلەردۇر. ھەدىسلەر مۇھەممەت ئۆلۈپ خىلى ئۇزۇن دەۋرلەردىن كېيىن ئاندىن يېزىلغان.

• مۇھەممەت ئۆزىنى خەت تونۇمايمەن دەيدۇ، ھەم قۇرئاننىڭ ئۆزىگە نازىل قىلىنىشىنى بىر مۆجىزە دەپ ئاتايدۇ. ئەمما بۇ قۇرئاننىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى بىلەن يەنە زىت كېلىدۇ.

قۇرئاندا ساۋاتسىز، بىلىمسىز ئادەملەر ئەيىپلىنىدۇ:

○ خەت تونۇمايدىغان ساۋاتسىزلار قۇرئاننى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار قالايمىقان بىلجىرلاش ۋە پەرەز قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. (قۇرئان 2:78)

○ بىلىملىك ئادەم بىلەن بىلىمسىز ئادەم باراۋەر ئەمەس. ئەقىل-پاراسەتلىك ئادەملەرلا چۈشىنەلەيدۇ. (قۇرئان 39:9)

پەقەت ئاللا بىلەن بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئادەملەرلا ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيدۇ. (قۇرئان 3:7)

## مۇقەددەس كىتاپتا مۆجىزە توغرىسىدىكى تەلىملەر

• خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ، مۇسانىڭ ھەقىقەتەن خۇدانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 4)

• خۇدا ئىلياس پەيغەمبەر ئارقىلىق نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ. (پادىشاھلارII 18)

• ئەيسا مەسىھ نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئايان قىلىدۇ. (ئىنجىل)

• قۇرئاندىمۇ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نۇرغۇن مۆجىزە كۆرسەتكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. (قۇرئان 51-3:49 )

• ئەيسا مەسىھ مۆجىزە كۆرسىتىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىلەرنى ئىسپاتلايدۇ:

○ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن خۇدادىن كەلگەنلىكىنى، خۇدانىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئادەملەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 3:2 ، 5:36 ، 10:38 ، 14:9،11 ، 20:30،31)

○ خۇدا ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە، زور مۆجىزە ۋە كارامەتلەرنى كۆرسىتىش، شۇنداقلا مۇقەددەس روھنىڭ ئىلتىپاتلىرى بىلەن، ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (ئىنجىل-ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 2:3،4)

**مۇھەممەت غايىپنى بىلمەيدۇ، ئۇنى دەلىللەيدىغان ھېچقانداق ئالدىن بىشارەت يوق**

قۇرئاندىكى خاتىرىلەر:

● ئاللا غايىپنىڭ سىرىنى پەقەت ئۆزى ياقتۇرغان پەيغەمبەرلەرگىلا بىلدۈرىدۇ، ئەمما مۇھەممەتكە بىلدۈرمىگەن. (قۇرئان 28-25:72 )

● مۇھەممەت غايىپنىڭ سىرىنى بىلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. (قۇرئان 6:50 ، 7:188 )

مۇھەممەتنىڭ قۇرئاندا پەقەت بىرلا جايدا ئالدىن بىشارەت بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن، ئەمما توغرا بىشارەت بېرەلمىگەن.

○ رىملىقلار يېقىن ئەتراپتا مەغلۇپ بولىدۇ، ئەمما نەچچە يىلنىڭ ئىچىدە قايتا غەلىبە قىلىدۇ. (قۇرئان 4-30:2 )

● يۈسۈپ ئەلىنىڭ چۈشەندۈرىشى بويىچە بولغاندا، ئەرەپ تىلىدىكى « Bidhun» دىگەن سۆز بىر نەچچە دىگەن مەنىدە بولۇپ، ئادەتتە 3 بىلەن 9 نىڭ ئىچىدىكى سانلارنى كۆرسىتىدۇ.

● پارىسلار Khusran Parvis نىڭ رەھبەرلىكىدە مىلادى 614-يىلى سۈرىيەدە رىملىقلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ. رىملىقلار بولسا مىلادى 628-يىلىغا كەلگەندە ئاندىن جەڭدە پارىسلارنى يېڭىدۇ. ئارلىقتا 14 يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كىتىدۇ، بۇنى «بىر نەچچە يىل» دىگىلى بولمايدۇ.

● قۇرئاندا ئەسلى سوزۇق تاۋۇش يوق بولۇپ، ھازىرقى قۇرئاندىكى «غەلىبە قىلىدۇ» دىگەن ئەرەپچە سۆز « Sayaghlibuna » نىڭ پەقەت ئىككى سوزۇق تاۋۇشنى چىقىرۋەتسەك، بۇ سۆز «Sayughlabuna » غا ئۆزگىرەيدۇ، بۇنىڭ مەنىسى «مەغلۇپ قىلىنىش» دىگەنلىك بولىدۇ.

● ھەممىنى بىلگۈچى قادىر ئاللانىڭ قۇرئاندا ئالدىن بەرگەن بۇ بىشارىتى نىمشقا دەل ھەم توغرا بولمىغان، نىمشقا پەرق كىلىپ چىققان ؟

● شۇڭا بۇنى ئانچە توغرا بولمىغان بىر پەرەز دەپ قاراشقىلا بولىدۇ، ئالدىن بېرىلگەن بىشارەت دىگىلى بولمايدۇ.

مۇقەددەس كىتاپتىكى ئالاقىدار بايانلار:

● خۇدانىڭ ئالدىن ئېيتقان سۆزلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 48:3)

● ياقۇپ پەيغەمبەر ئوغۇللىرىغا كەلگۈسىدە ئۇلار چوقۇم دۇچ كىلىدىغان ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 49:1)

- ئىسرائىللار ئىچىدە كىشىلەر خۇدادىن بىرەر ئىشنى سورىماقچى بولسا، پەيغەمبەرلەردىن سورايتى. (ساموئىل پەيغەمبەرI 9:9)

- ئەگەر پەيغەمبەر خۇدانىڭ نامىدا سۆزلەپ، ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە ئاشمىسا، بۇ سۆزلەرنىڭ خۇدادىن كەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 18:22)

- مۇسا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى- تەۋراتتا ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى ئىشلار يېزىلغان. (ئىنجىل-يۇھاننا 5:46)

- دانىئال پەيغەمبەر كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىشارەت قىلاتتى. (دانىئال 12:4)

- ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرى، تەۋرات بىلەن قەدىمقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسىھ توغرىسىدا ئالدىن بەرگەن بىشارەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. (ئىنجىل-مەتتا 5:17)

- ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە تىرىلىشى تەۋرات، زەبۇر ۋە قەدىمقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا ئالدىن بىشارەت قىلىنغان. (ئىنجىل-مەتتا 26:56 ، لۇقا 24:25-27,44-46 ، ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 3:8 ، 26:22،23 ، 10:43 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:3،4 ، پېتروس بىرىنچى خەت 1:10،11 )

- ئەيسا مەسىھمۇ كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىشارەت قىلغان. (ئىنجىل-مەتتا 24:1-35 ، ماركوس 13:23 ، ۋەھىلەر 1:1،3 ، 19:10)

- ئەيسا مەسىھ تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتىرىلگەندىن كېيىن، ئورما بايرىمى كۈنى ئاسماندىن مۇقەددەس روھ چۈشۈپ شاگىرتلارنىڭ ۋۇجۇدىنى تولدۇرىدۇ، ھەمدە ئۇلارغا كۈچلۈك تىل قابىلىيىتى بىلەن ھەر خىل تىللاردا سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلىدۇ. بۇ قەدىمقى دەۋرلەردىكى يوئىل پەيغەمبەرنىڭ ئالدىن بەرگەن بىشارىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. (ئەلچىلەر 2:1-21 )

- مەسىھ ئېتىقاتى بويىچە بولغاندا، مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى:
  - مۇھەممەت ھېچقانداق مۆجىزە كۆرسىتەلمىگەن.
  - مۇھەممەت كەلگۈسىدىكى ئىشلار توغرىلىق ھېچقانداق ئالدىن بىشارەت بېرەلمىگەن.
  - تەۋرات شۇنداقلا تاكى يەھيا پەيغەمبەرگىچە بولغان بۇرۇنقى بارلىق

پەيغەمبەرلەر ئالدىن بىشارەتلەرنى بەرگەن ئىدى. (ئىنجىل ـ مەتتا 11:13)

○ ئەيسا مەسىھتىن كېيىنمۇ يەنە پەيغەمبەرلەر بولغان. ئۇلارمۇ مۇقەددەس كىتاپتا كۆرسىتىلگەندەك پەيغەمبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى هازىرلىغان. (ئەلچىلەر 29ـ11:27 ، 15:32 ، 21:10،11 ، ئەفەسلىكلەر 4:11 ، ۋەھىيلەر 11:1،2)

● مۇھەممەتنىڭ تەلىملىرى بىلەن مۇقەددەس كىتاپتىكى تەلىملەر ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

○ خۇدادىن كەلگەن روھ ئادەمنى قالايمىقانلاشتۇرمايدۇ، بەلكى تىنچلاندۇرىدۇ. (ئىنجىل ـ كورىنتلىقلارI 14:32)

○ مەيلى ئادەم بولسۇن ياكى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە بولسۇن، ئەيسا مەسىھنىڭ ئەلچىلىرى يەتكۈزگەن خۇش خەۋەرگە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر «خۇش خەۋەر» نى يەتكۈزسە، ئۇنىڭغا لەنەتلەر ياغسۇن؛ كىمدە كىم ئوخشىمايدىغان باشقا بىر خۇش خەۋەرنى تارقاتسا ئۇ قارغىشقا ئۇچرىسۇن. (ئىنجىل ـ گالاتىيالىقلار 1:8،9)

○ ئىنجىلدىكى ۋەھىيلەرگە سۆز قوشۇشقا ۋە ئۆچۈرۈشكە بولمايدۇ، كىمدە كىم شۇنداق قىلىدىكەن خۇدا چوقۇم ئۇنىڭغا بالايىئاپەتلەرنى ياغدۇرىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك هاياتلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ. (ئىنجىل ـ ۋەھىيلەر 22:18،19)

● ئىسرائىللار خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان خەلق بولۇپ، خۇدانىڭ سۆزى يەھۇدىلارغا ئامانەت قىلىنغان (رىملىقلار 9:4 ، 3:2) ؛ ئەمما مۇھەممەت يەھۇدى ئەمەس.

● مۇھەممەت يامان روھلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ باققان. شۇ سەۋەپتىن ئۇ بىر يىلغىچە ئۆزىنى ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدۇم دەپ ئويلىغان، ئەمما ئەمىلىيەتتە ئۇنداق بولمىغان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:490، 7:658،660،661 ، 8:89،400 )

## مۇھەممەتنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى

قۇرئاندىكى خاتىرىلەر:

● مۇھەممەت مۇسۇلمانلارغا ياخشى ئۈلگە بۇلالايدۇ. (قۇرئان 33:21)

● مۇھەممەتتە ئۇلۇغ خاراكتىر بار. (قۇرئان 68:4)

● مۇھەممەت ئازغۇن ۋە خۇراپى ئەمەس، شەخسى ھەۋەسلىرى بۇيىچە سۆزلىمەيدۇ. (قۇرئان 53:2،3)

• كېيىنكى مۇسۇلمانلار مۇھەممەتنىڭ سۆز ـ ھەركەتلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ.

• مۇھەممەت ئۆزىنىڭ بىر ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى ئاللانىڭ ھوقۇقى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ. ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا باشقىچە پىكىردە بولۇشقا يول قويمايدۇ. (قۇرئان 33:36)

**مۇھەممەت گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققان**

• مۇھەممەت ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللادىن كەچۈرۈم سورىشى كېرەك. (قۇرئان 4:106 ، 40:55 ، 47:19 ، 110:3 )

• مۇھەممەت ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى ۋە كەلگۈسىدە ئۆتكۈزىدىغان گۇناھلىرى ئۈچۈن، شۇنداقلا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللادىن كەچۈرۈم سورايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 8:335،379،407،408 ، 9:482 )

• قۇرئاندا ئاللانىڭ مۇھەممەتنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى كەچۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. (قۇرئان 48:2)

• دېمەك، مۇھەممەت ئىلگىرى گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەم، ئۇ كەلگۈسىدىمۇ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

• مۇسۇلمانلار مۇھەممەتكە بەخت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق تىلىشى كېرەك. (قۇرئان 33:56)

○ مۇسۇلمانلار ھەر قېتىم مۇھەممەتنىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ ئەرەپچە مۇنداق تىلەك تىلەيدۇ: «ئاللا ئۇنىڭغا بەخت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن». بۇنىڭدىن مۇنداق مەنە كېلىپ چىقىدۇ: مۇھەممەت تېخى بەخت ۋە تېنچلىققا ئېرىشمىگەن، تېخى قۇتقۇزۇلمىغان، ئۇ خۇدا بىلەن بىرگە ئەمەس.

مۇقەددەس كىتاپتا مۇنداق دېيىلگەن:

○ رەزىل ئادەملەر ھەرگىز تىنچ ـ ئامانلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. (يەشايا 57:21)

○ ئەيسا مەسىھ كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئارقىلىق تىنچ ـ ئامانلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 16:33)

○ مۇقەددەس كىتاپتا ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھسىز پاك ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن (يۇھاننا I 3:5 ،ئىبرانىلار 4:15) ؛ بۇنى قۇرئان ۋە ھەدىسمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. (قۇرئان 19:19 ) (بۇخارى ھەدىسلىرى 6:236 )

• گۇناھ دېگەنلىك خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىش دېگەنلىكتۇر، گۇناھسىزلىق بولسا خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن چەتنەپ كەتمەي، پۈتۈنلەي شۇنىڭ

ئىچىدە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئەيسا مەسىھ شۇنداق قىلالىغان، ئەمما مۇھەممەت ئۇنداق قىلالمىغان.

● مۇھەممەت ئىسلام دىنىنى تارقىتىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مەككىدىكى ئەرەپلەرنىڭ ئۈچ ئايال بۇت ئىلاھىنى (لات، ئۇززا، مانات) ئېتىراپ قىلغان، كىشىلەرنىڭ ئاشۇ ئۈچ ئايال بۇتقا ئىبادەت قىلىشىمۇ بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان، ئۆزىمۇ باشقىلار بىلەن بىرگە بۇ ئۈچ ئايال بۇتقا ئىبادەت قىلغان؛ ئەمما ئۇ كېيىن ئىبلىس شەيتاننىڭ بۇ ئايەتلەرنى ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ شۇنداق ئۆگەتكەنلىكىنى ئاشكارلىغان، ۋە گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ بۇ «شەيتان ئايىتى» نى رەت قىلغان؛ قۇرئاننىڭ ئۆزىدىمۇ مۇھەممەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەن ئاللا ۋەھى قىلغان تەلىملەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاللانىڭ نامى بىلەن ساختا تەلىملەرنى توقۇپ چىققانلىقى ۋە خاتا يولغا كىرىپ قالغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. ( قۇرئان 23-19:53 ، 53،22:52 ، 17:73،74 )

● قۇرئاندىكى بەزى «ۋەھىلەر» مۇسۇلمانلار قىلسا بولمايدىغان بەزى يامان ئىشلارنى مۇھەممەتنىڭ قىلسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بېرىلگەن باھانە ۋە يوچۇقتۇر.

○ مۇھەممەت ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان ئوغلىنىڭ ئايالىنى خوتۇن قىلىپ ئېلىۋالىدۇ. بۇ توغرۇلۇق تېخى ئاللادىن ئالاھىدە ۋەھى چۈشىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەت ئوغلى زەيدنىڭ ئايالى زەينەپنى ياخشى كۆرۈپ قىلىپ، ئۇنى خوتۇن قىلىپ ئالماقچى بولىدۇ، ئەمما بۇنى باشقىلارغا دېيىشتىن نومۇس قىلىپ ئىچىدە ساقلايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئاللا ئۇنىڭغا ئالاھىدە «ۋەھى» چۈشۈرۈپ، زەيد زەينەپنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئايالنى مۇھەممەتكە خوتۇن قىلىپ ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۇھەممەت مۇشۇ ئايەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان ئوغلىنىڭ ئايالىنى خوتۇن قىلىپ تارتىۋېلىشتەك ئەخلاقسىز قىلمىشىنى ئاللانىڭ ئىرادىسى دەپ كۆرسىتىدۇ. (قۇرئان 33:37)

○ مۇھەممەت نىكاھ ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ خوتۇنلىرىنى تالاق قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ. بۇ توغرىلىقمۇ ئاللا ئالاھىدە ۋەھى چۈشۈرۈپ مۇھەممەتنى قوللايدۇ. قۇرئاندا ئاللا ئۇنىڭغا خوتۇنلىرىنى قويۇۋەتسە بولىدىغانلىقىنى، ئاللانىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى خوتۇنلارنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (قۇرئان 5-66:1 )

## مۇھەممەت ئۆمرىدە ئوننەچچە خوتۇن ۋە توقال ئالغان

● قۇرئاندا مۇنداق بىر ۋەھى بولۇپ، ئاللا مۇھەممەتنىڭ كۆپ خوتۇن ئېلىشىغا يول قويغان، مەسىلەن: مۇھەممەتنىڭ تويلۇق مال بېرىپ ئالغان خوتۇنلىرى، ئايال

قۇللىرى، جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللار، تاغىلىرىنىڭ قىزلىرى، هاممىلىرىنىڭ قىزلىرى، شۇنداقلا باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ قىزلىرىدىن ئۆزلىرىنى مۇهەممەتكە بېغىشلاشنى خالىغانلىرى، مۇهەممەت ئۇلارنى خوتۇن ياكى توقال قىلىپ ئالسا گۇناھ بولمايدۇ. بۇ مۇهەممەتكە ئالاھىدە بېرىلگەن هوقوق بولۇپ، باشقا مۇسۇلمان ئەرلەرگە ئۇنداق ئىمتىياز بېرىلمىگەن. (قۇرئان 33:50)

• قۇرئاندا باشقا مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت خوتۇن ئالسا بولىدىغانلىقى، ياكى ئايال قۇللىرى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئايال قۇللارنىڭ سانىغا چەك قويۇلمىغان. (قۇرئان 4:3)

• مۇهەممەت خوتۇنلىرىنى خالىغانچە تالاق قىلىۋەتسە بولىدۇ، خالىغانچە تۇتۇپ قالسىمۇ بولىدۇ. تالاق قىلىۋەتكەن خوتۇنلىرىنى خالىغاندا قايتۇرۇپ ئەكىلىۋالسىمۇ بولىدۇ. (ئەمما مۇهەممەتنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىش هوقوقى يوق) (قۇرئان 33:51)

• مۇهەممەت ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن خوتۇن ئېلىۋالغان بولغاچقا، ئاللادىن يەنە ئالاھىدە ۋەھى كېلىپ ئۇنىڭغا، بۇندىن كېيىن ئەمدى خوتۇن ئېلىۋەرمە، بۇرۇنقى خوتۇنلىرىڭنى باشقا خوتۇنلارغا ئالماشتۇرما، باشقا ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىگە هەرقانچە مەپتۇن بولساڭمۇ، ئەمدى خوتۇن ئېلىشتىن توختا دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە بولىدىغان ئايال قۇل-دىدەكلىرىنى داۋاملىق كۆپەيتىشنى چەكلىمەيدۇ. (قۇرئان 33:52)

• مۇهەممەت 50 ياشتىن ئاشقاندا 7 ياشلىق كىچىك نارىسىدە قىز ئائىشەنى خوتۇن قىلىپ ئالىدۇ. ئائىشە 9 ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ چاغدا مۇهەممەت 52 ياشتا ئىدى. (بۇخارى هەدىسلىرى 5:58:234 ، 7:62:65،88 )
(ئائىشە دەل ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئابابەكرىنىڭ قىزىدۇر)

• مۇهەممەت قوشۇن باشلاپ ئۇرۇش قوزغاپ، باشقا قەۋملەرنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ تارتىۋالاتتى ياكى ئەسكەرلىرىگە خوتۇن قىلىپ تارقىتىپ بېرەتتى. خەيبەر ئۇرۇشىدا، ئۇ ئېرى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن گۈزەل ئايال سوفىيەنى خوتۇن قىلىپ تارتىۋالىدۇ.

(بۇخارى هەدىسلىرى 2:927 ، 3:2235 ، 4:52:143 ، 5:59:342،512،513،522 ، 7:62:29،89 ، 8:75:374 )

• بۇلار هەرگىزمۇ مۇهەممەتنىڭ دىن تارقىتىش ياكى باشقا ئاياللارنىڭ بېشىنى سىلاپ ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ شەخسى

هاۋايى-ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بولغان. بۇنىڭغا قۇرئاننىڭ ئۆزىدىكى ئايەتلەر ئىسپات بولالايدۇ، مەسىلەن، قۇرئان 33-سۈرە 52-ئايەتتە ھەتتا «ئاللا» مۇ ئۇنىڭغا: باشقا ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىگە ھەرقانچە مەپتۇن بولساڭمۇ، ئەمدى خوتۇن ئېلىۋەرمە ياكى خوتۇنۇڭنى ئالماشتۇرما- دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. مۇھەممەتنىڭ قىلمىشلىرى خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىغا ھەرگىزمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار گەپ يۇرغىلىتىپ : ئۇ دىگەن پەيغەمبەر، شۇڭا ئاللا ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىمتىياز بەرگەن-دىيىشىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولغاندا، مۇھەممەت قانداقسىغىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى بولالايدۇ؟ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ ئەڭ يوقىرى ئۈلگىسى بولالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەسقۇ ؟!

## مۇھەممەت نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن قانلارنى تۆككەن

● مۇھەممەت نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش قوزغاپ، ئۆزى بىۋاستە جەڭلەرگە قاتنىشىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن، ھەتتا قاتىللارنى ئەۋەتىپ ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئادەملەرنى قەستلەپ ئۆلتۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ قولى قان بىلەن بويالغان. قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن خاتىرىلەر بار.

● مۇھەممەت ئادەم توپلاپ مەككىلىكلەرنىڭ سودا كارۋىنىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى بۇلاپ كىتىدۇ (بۇخارى ھەدىسلىرى (3:2731، 2732 .

● مىلادى 627-624 يىللىرى، مۇھەممەت مەدىنەدە ياشاۋاتقان ئۈچ يەھۇدى قەبىلىسى (قاينۇق، بانۇ قۇرەيدا، قۇرەيزا قەبىلىسى) نى قىرىپ تاشلايدۇ، ھەتتا تەسلىم بولغان نەچچە يۈز ئادەمنىمۇ ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ. مەدىنىدىكى ئۇرۇشتا مۇھەممەت دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كىيىن، شەھەر ئىچىدىكى يەھۇدىلارنى مىنى قولللىماي دۈشمەنلىرىمنى قوللىدى دەپ، يوغان خەندەك قازدۇرۇپ 600-900 گىچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ئاشۇ خەندەككە تاشلىۋىتىدۇ.

● مۇھەممەت ئاجىز ۋاقىتلىرىدا «دىندا زورلاش يوق» دەپ جاكارلىغان بىلەن، سەل كۈچىيىپ ھوقۇق تۇتقاندىن كىيىن، بۇرۇنقى شەخسى ئاداۋىتى بار كىشىلەرنى (مۇھەممەتكە ئىشەنمىگەن ۋە ئۇنى تەنقىتلىگەن كىشىلەرنى) ئىچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ. مەسىلەن:

■ نادار بىن خالىس. ئۇ مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ، شۇڭا شىئېر ۋە ھىكايە ئېيتىپ مۇھەممەتنى تەنقىتلىگەن.

■ ئەكبەر بىن ئابۇ مۇئات. ئۇ مەككىدە مۇھەممەتنى ساختا پەيغەمبەر دەپ پاش قىلغان ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ شېئىر توقۇغان.

(بۇخارى ھەدىسلىرى 4:2934 ، مۇسلىم ھەدىسلىرى 3:4422،4424 )

■ ئەسما بىنت مەرۋان. ئۇ بىر ئايال شائىر بولۇپ، ئۇمۇ مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن. شۇڭا ئۇنىڭغا كىنايە قىلىپ شېئىر توقۇغان.

■ ئەبۇ ئافاق. 120 ياشقا كىرگەن يەھۇدى بوۋاي. ئۇ مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنمىگەن، شۇڭا قەبىلىداشلىرىنى قوزغۇتۇپ مۇھەممەتكە قارشى چىققان ۋە ئۇنىڭغا كىنايە قىلىپ شېئىر-ناخشىلارنى توقۇغان.

■ كەربۇ ئىبىن ئەشراف. ئۇنىڭ مۇھەممەتكە قارشى يازغان شېئىرلىرى ناھايىتى كەڭ تارالغان.

(بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:270،271 ، 5:4037 ، مۇسلىم ھەدىسلىرى 3:4436 )

■ بىر كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغان بەدەۋى قەبىلىسى (ئەرەپ چارۋىچى قەبىلىسى) دىكى بىر ئادەم مۇھەممەت ۋە ئىسلامغا قارشى ئىككى مىسرا ناخشا ئېيتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدۇ.

■ تايىم بىن غالىب، ناخشىچى قىز، مۇھەممەتكە كىنايە قىلىدىغان ناخشا ئېيتقان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:3044 )

■ ئەبۇ جاھىل. مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنمەيدۇ، ھەتتا مۇھەممەتنى ھاقارەتلەيدۇ. شۇڭا مۇھەممەت ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ مال-دۇنياسىنى ئادەم ئۆلتۈرگەن ئاشۇ قاتىلغا مۇكاپات قىلىپ بېرىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:53:369)

■ بىر ئايال دىدەك مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەچكە، ئۇنىڭ خاتالىقىنى تەنقىتلەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان خوجايىنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدۇ. بۇ ئايال ھېلىقى مۇسۇلمان خوجايىنىنىڭ توقال خوتۇنى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى بالا تۇغۇپ بەرگەن ئىدى. ئۆزىنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن بۇ قاتىلنىڭ قىلمىشى مۇھەممەتنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدۇ. (ئەبۇ داۋۇت ھەدىسلىرى 38:3800،4348 )

(يوقۇرقى ۋەقەلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىبىن ئىسھاقنىڭ « پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى» دىگەن كىتابىدا خاتىرلەنگەن.)

• مۇھەممەتنىڭ ئادەم قىيناش ۋە ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىمۇ ئىنتايىن ۋەھشى ئىدى. ئۇ مىلادى 628-يىلى مەدىنەدىكى Uraynah قەبىلىسىگە تەۋە 8 ئادەمنى جازالىغاندا، ئۇلارنىڭ پۇت-قولىنى كېسىۋېتىدۇ، ئوتتا قىزارتىلغان تۆمۈر بىلەن كۆزىنى ئويىدۇ، ھەتتا ئىچكىلى سۇمۇ بەرمەي، ھارادىكى تاشلىق چۆل-جەزىرىگە تاشلاپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:4:234 ، 2:24:577 ، 4:52:261 ، 5:59:505 ، 7:71:623 ، 8:82:797)

• قۇرئاندا مۇھەممەتنى مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى دېيىلگەن (قۇرئان 33:21). شۇڭا بەزى ئەسەبى مۇسۇلمانلار باشقىلارنىڭ بۇ «ياخشى ئۈلگە» نى تەنقىتلىشىگە، مەسخىرە قىلىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ. بىراق ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئۈلگە ياكى ئەمەسلىكىنى ئويلىشىپ باقمايدۇ.

## مۇھەممەت ۋە قۇللار

• قۇرئان قۇللۇق تۈزۈمىنى قوللايدۇ. قۇرئاندا مۇھەممەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن قىز-ئاياللارنى قۇل قىلىشقا يول قويىدۇ (قۇرئان 33:50) ؛ قۇرئاندا يەنە جەننەتكە كىرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇن ياش ئەر قۇللارغا ئىگە بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. (قۇرئان 56:17 ، 76:19)

• قۇرئاندا مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ ئۆز خوتۇنلىرىدىن سىرت يەنە ئۆزىنىڭ ئايال قۇللىرى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىشىگە يول قويىدۇ. (قۇرئان 4:3 ، 23:5،6 ، 33:50،52 ، 70:29،30 ) .

• مۇسۇلمان ئەرلەر ئايال قۇللىرى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئايال قۇللار مۇسۇلمانلارنىڭ «جەڭ ئولجىسى» بولۇپ، مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاياللىرىنى مەجبۇرى قۇل قىلغان ۋە ئۇلار بىلەن مەجبۇرى جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:34:432 ، 3:46:718 ، 3:47:765 ، 5:59:459،637 ، 7:62:137 ، 9:93:506) .

• مۇھەممەت، تۆت خەلىپە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا داھىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگۈدەك نۇرغۇن قۇللىرى بولغان. بۇ قۇللارنىڭ ئىچىدە قارتەنلىكلەر، ئەرەپلەر، مىسىرلىقلار، يەھۇدىلار، خرىستىيانلار، ئەرلەر ۋە ئاياللار بار ئىدى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:2:29 ، 1:8:439 ، 1:11:661 ، 5:57:50 ، 5:58:182 ، 5:59:512،541 ، 7:65:341،344،346،352،371 ، 7:67:410،413 ، 7:71:654 ، 7:72:734،845 ، 9:83:23 ، 9:85:80 ، 9:86:100 ، 9:89:277،293،296 ، 9:92:462 )

● مۇھەممەت بانۇ قۇرەيداخ قەبىلىسىدىكى 600 دىن 900 گىچە بولغان يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرگەندىن كيىن، قاپقالغانلارنى قۇل قىلدۇ. (قۇرئان 33:26 ، بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:280 )

## ئىنجىلدىكى قۇلغا ئائىت بايانلار:

○ ئادەملەرنى قۇل قىلىش خۇدانىڭ يولى بىلەن قارشىلاشقانلىقتۇر. (تىمۇتىI 1:10)

○ ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش ئارقىلىق، قانداق مىللەتتىن بولسۇن، مەيلى ھۆر ياكى قۇل بولسۇن، ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەممىسى خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى دىگەن نامغا ئېرىشىپ، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بىرلىككە كىلىدۇ. ھەمدە خۇدا ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرىغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان بەخت ـ سائادەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ. (گالاتىيالىقلار 29 ـ 3:26)

○ كىم ئۇلۇغ بۇلۇشنى خالىسا، شۇ باشقىلارغا خىزمەتچى بولسۇن. (مەتتا 23:11)

○ ئەيسا مەسىھ باشقىلارنى قۇل قىلىپ باقمىغان، ئۇ مۇنداق تەلىم بېرىدۇ: «سىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزەڭلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى خالىساڭلار، سىلەرمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىڭلار» (لۇقا 6:31)

## مۇھەممەتنىڭ باشقا كەمچىللىكلىرى

● مۇھەممەت دائىم باشقىلارنى قارغايتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:435،436،804 ، 2:1003،1007،1020 ، 4:53:409 ، 5:39:397 ، 5:59:415،416 ، 6:60:83،215،297،333،347 ، 8:75:402 )؛

● قۇرئاندىمۇ مۇھەممەتنىڭ ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنى قارغاپ دۇئا قىلىشىغا يول قويغان. (قۇرئان 3:61)
(ئىنجىلدا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ باشقىلارنى قارغىشى قەتئىي چەكلەنگەن بولۇپ، ئادەملەرگە پەقەت بەخت تىلەشكىلا بولىدۇكى ھەرگىز قارغاشقا بولمايدۇ. ئەيسا مەسىھ ھەتتا كىرستتقا مىخلانغاندىمۇ، يەھۇدىيلارنى قارغاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە خۇدادىن ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلىگەن. بۇنداق ئۇلۇغۋار روھ مۇھەممەتتە يوق.)

● مۇھەممەت دائىم ئۆزىنىڭ قىلغان قەسىمىدىن يېنىۋالاتتى. ئۇ بىر ئىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىلا، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ۋەدىسى ۋە قەسىمىدىن يېنىۋالاتتى (بۇخارى ھەدىسلىرى 8:78:618،620 ، 8:79:712 )؛ ئۇ باشقىلارغىمۇ شۇنداق قىلىشنى ئۆگىتىپ مۇنداق دىگەن: ئەگەر سىلەر بىر ئىشنى قىلىش

توغرىسىدا قەسەم قىلساڭلار، ئەمما كېيىن باشقا ئىشنىڭ تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىساڭلار، ئاشۇ ئىشنى قىلىڭلار، ھەمدە بۇرۇنقى قەسىمىڭلاردىن يېنىۋالغىنىڭلار ئۈچۈن گۇناھىڭلارغا تۆۋە قىلىڭلار. (بۇخارى ھەدىسلىرى 8:78:619)

- مۇھەممەت باشقىلارنى ئىسلامغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامدىن يېنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، دائىم ئۇلارغا ئالتۇنلارنى سوۋغات قىلىپ تۇراتتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:53:373،375 ، 4:55:558 ، 9:93:527 )

- مۇھەممەت 63 ياش ۋاقتىدا زەھەرلەنگەن كاۋاپنى يېيىش سەۋەبىدىن ئۆلدۇ. كاۋاپقا زەھەر سالغۇچى مۇھەممەت تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان بىر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى ۋە قەۋمىمۇ مۇھەممەت تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. مۇھەممەت ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاخىرىدا خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ، بىر ئاجىز ئايالنىڭ قولىدا زەھەرلىنىپ ئۆلدۇ. ئۇ ئۆلگەن چاغدا قاتتىق ئازاپلىنىدۇ، ھەتتا ئۆزىگە ۋارىس قالدۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:47:786 ، 4:53:394 )

- مۇھەممەت ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بىۋاستە تەلىم ئالغان ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىپ، بىر نەچچە مەزھەپكە ئايرىلىپ كىتىدۇ، ھەمدە ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشنى باشلايدۇ. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە تاكى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

(ئەيسا مەسىھتىن بىۋاستە تەلىم ئالغان شاگىرتلار ۋە ئېتىقاتچىلار ئىچىدە بۇنداق ھوقۇق تالىشىپ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىدىغان ئەھۋال بولمىغان)

### مۇقەددەس كىتاپتا مۇھەممەت توغرىلىق بىشارەت قىلىنغانمۇ؟

- قۇرئاندىكى ئالاقىدار خاتىرىلەر:

  - ئەيسا پەيغەمبەر ئۆزىدىن كېيىن مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. (قۇرئان 61:6)

  - مۇقەددەس كىتاپتا مۇھەممەت توغرۇلۇق خاتىرىلەر بار. (قۇرئان 7:157)

  - ئاللا پەيغەمبەرلەرگە مۇنداق دەيدۇ: مەن سىلەرگە كىتاپ ۋە ئەقىل بەردىم، كەلگۈسىدە بىر پەيغەمبەر كېلىپ سىلەردىكى بارلىق كىتاپلارنى دەلىللەيدۇ، سىلەر چوقۇم ئۇنىڭغا ئىشىنىشىڭلار، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىڭلار كېرەك. (قۇرئان 3:81)

- بەزى مۇسۇلمانلار مۇقەددەس كىتاپتا مۇھەممەت توغرۇلۇق بىشارەت قىلىنغان

ئايەتلەر بار دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، تەۋرات قانۇن شەرھى 18-باب 15-، 18-ئايەتلەر، ئىنجىل يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 14-باب 16-ئايەت.

● بىراق يوقۇردا دېيىلگەن ئايەتلەرنىڭ مۇھەممەتكە بىشارەت قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى:

○ تەۋرات قانۇن شەرھى 18-باب 15-ئايەتتە مۇسا پەيغەمبەر ئىسرائىللارغا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگار خۇدا كەلگۈسىدە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار ئىچىدىن ماڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەرنى تىكلەيدۇ، سىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىڭلار كېرەك.»

○تەۋرات قانۇن شەرھى 18-باب 18-ئايەتتە خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە قىلغان مونۇ سۆزى خاتىرلەنگەن: «مەن كەلگۈسىدە چوقۇم ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئىچىدىن ساڭا ئوخشاش پەيغەمبەردىن بىرنى تىكلەپ بېرىمەن. ئۇ مېنىڭ بارلىق سۆزلىرىم ۋە ئەمرلىرىمنى ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ.»

○ «قانۇن شەرھى» تەۋراتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ خۇدانىڭ ئىسرائىللارغا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرى، مېھرى-مۇھەببىتى ۋە ئەمرلىرىنى قايتا شەرھلەپ چۈشەندۈرىشىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا مۇسا پەيغەمبەر بۇ سۆزلەرنى خۇدا ۋەدە قىلغان يېڭى زېمىنغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان ئىسرائىللارغا قىلغان بولۇپ، بۇ يەردە دېيىلگەن «قېرىنداشلار ئىچىدىن» دىگەن سۆز ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ، ھەرگىزمۇ ئەرەپلەرنى كۆرسەتمەيدۇ. قانۇن شەرھىدە «قېرىنداش» دىگەن سۆز 29 قېتىم، «ئىسرائىللار ئىچىدە» دىگەن سۆز 15 قېتىم، «قېرىنداشلار ئاساۋ» (ئىسرائىللارنىڭ ئەجدادى بولغان ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئاكىسى) دىگەن سۆز 2 قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما «قېرىنداشلار ئىسمايىل» (ئەرەپلەرنىڭ ئەجدادى) دىگەن سۆز بىر قېتىممۇ ئۇچرىمايدۇ.

○ قانۇن شەرھى 18:15،18 دىكى يوقۇرقى سۆزلەر شۇ ۋاقىتتىكى ئىسرائىللارنىڭ لاۋىي قەبىلىسىگە قارىتىپ ئېيتىلغان بولۇپ (قانۇن شەرھى 18:1،6،7) ، بۇ سۆزلەرنىڭ ئوبيېكتى ئىسرائىللاردۇر. «ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئىچىدىن» دىگەن سۆز «لاۋىيلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئىچىدىن» دىگەننى يەنە ئىسرائىل قەبىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى بۇ سۆزلەر ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسرائىللارغا قارىتىلغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئىسمايىلنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئەرەپلەرگە قارىتىلغان ئەمەس.

○ پۈتۈن مۇقەددەس كىتاپتا (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ

پۇتۇكلىرىدە) ئىسمايىلنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئەرەپلەرنى ئىسرائىللارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر دىگەن گەپ يوق.

○ قانۇن شەرھى 17-باب 15-ئايەتتە خۇدا ئىسرائىللارغا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۆزەڭلەرگە پادىشاھ تىكلىمەكچى بولساڭلار، چوقۇم قېرىندىشىڭلار ئىچىدىن خۇدا تاللىغان ئادەمنى تىكلىشىڭلار كېرەك، قېرىندىشىڭلاردىن سىرت باشقا ئادەمنى پادىشاھ قىلىشقا بولمايدۇ» . بۇ يەردە دىيىلگەن «قېرىندىشىڭلار ئىچىدىن» دىگەن سۆزمۇ ناھايىتى ئېنىقكى ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ.

● تەۋرات قانۇن شەرھى 12-34:10 ، 18،18:15 لەردە بىشارەت قىلىنغان مۇساغا ئوخشايدىغان پەيغەمبەر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتە ئۇنىڭغا ئوخشىشى كېرەك.

■ ئۇ مۇسا پەيغەمبەرگە ئوخشاش ئىسرائىللاردىن بولىشى كېرەك.

■ ئۇ مۇسا پەيغەمبەرگە ئوخشاش تۈرلۈك مۆجىزىلەرنى كۆرسىتەلىشى، ئىسرائىللارنىڭ كۆز ئالدىدا خۇدانىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى نامايەن قىلالىشى كېرەك.

■ ئۇ خۇدا بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشكەن بولىشى كېرەك.

● بۇ جەھەتلەردە ئەيسا پەيغەمبەر مۇسا پەيغەمبەرگە تېخىمۇ ئوخشايدۇ، ئەمما مۇھەممەت ئازراقمۇ ئوخشىمايدۇ.

● قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە ئوخشاش مۆجىزىلەرنى كۆرسىتەلمىگەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. (قۇرئان 28:48)

● ئەملىيەتتە تەۋراتتا كۆرسىتىلگەن ئاشۇ پەيغەمبەر دەل ئەيسا مەسىھتۇر، چۈنكى:

○ ئەيسا مەسىھ داۋۇت پادىشاھنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئىسرائىل قەۋمىدىن كېلىپ چىققان. (ئىنجىل-مەتتا 1:1)

○ ئەيسا مەسىھ ئۇلۇغ پەيغەمبەردۇر. (ئىنجىل-يۇھاننا 4:44 ، لۇقا 7:16 ، 7:39 ، 24:19 ، مەتتا 21:11 )

○ شاگىرتلار ئەيسا مەسىھنىڭ مۇسا پەيغەمبەر تەۋراتتا بىشارەت قىلغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 1:45)

○ ئەيسا مەسىھنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرگەن خالايىقمۇ: «دۇنياغا كېلىشنى مۇسا پەيغەمبەر ئالدىن ئېيتقان پەيغەمبەر ھەقىقەتەن مۇشۇ ئىكەن !» دىيىشىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 6:14)

○ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىمۇ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ كىتابىدا (تەۋراتتا) ئۆزى توغرىلىق

يېزىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 5:46)

- ئەيسا مەسىھ ئۆلۈپ تىرىلگەندىن كېيىن ئىككى شاگىرتىغا كۆرۈنۈپ، مۇقەددەس يازمىلاردىكى مۇسا ۋە باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئالدىن يازغانلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ چۈشەندۈرىدۇ. (ئىنجىل ـ لۇقا 24:27)
- ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئەيسا مەسىھنىڭ دەل ئاشۇ كەلمەكچى بولغان ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. (ئەلچىلەر 3:22، 7:37)

## مۇسا پەيغەمبەر، ئەيسا مەسىھ ۋە مۇھەممەتنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| مۇسا پەيغەمبەر | ئەيسا مەسىھ | مۇھەممەت |
|---|---|---|
| مۇسا پەيغەمبەر تۇغۇلغاندا ئىسرائىللار يات مىللەت (مىسىر) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 1:9 ـ 14) | ئەيسا مەسىھ تۇغۇلغاندا ئىسرائىللار يات مىللەت (رىم) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. (ئىنجىل ـ لۇقا 2:1،2) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |
| مۇسا تۇغۇلغاندا، پادىشاھ پۈتۈن ئىسرائىللارنىڭ بوۋاقلىرىنى ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقى چىقىرىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 1:15،16) | ئەيسا تۇغۇلغاندا، پادىشاھ پۈتۈن ئىسرائىللارنىڭ بوۋاقلىرىنى ئۆلتۈرۈش بويرۇقى چىقىرىدۇ. (مەتتا 2:13 ـ 18) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |
| مۇسا بوۋاق ۋاقتىدا خۇدا تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قىلىنىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 1:17 ، 10 ـ 2:3) | ئەيسا بوۋاق ۋاقتىدا خۇدا تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قىلىنىدۇ. (مەتتا 2:13 ـ 16) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |
| مۇسا ياش ـ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىنى مىسىردا ئۆتكۈزگەن. (مىسىردىن چىقىش 2:1 ـ 10) | ئەيسا ياش ـ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىنى مىسىردا ئۆتكۈزگەن. (مەتتا 2:13 ـ 21) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |

| | | |
|---|---|---|
| مۇسا ئۆزىنىڭ خان ئوردىسىكى شاھزادىلىك ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، تۆۋەنگە چۈشۈپ، خەلق ئۈچۈن جاپا تارتىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 12ـ2 ، ئىبرانىلار 27ـ11:23 ) | ئەيسا ئۆزىنىڭ ئەرشتىكى ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، يەر يۈزىگە چۈشۈپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئازاپ-ئۇقۇبەت تارتىدۇ. (فىلىپىلىكلەر 8ـ2:5) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. ئەكسىچە ئۇ ناھايىتى باي بىر خوتۇننى ئالىدۇ. بىر ئاددى ئادەمدىن ئۆزگۈرۈپ، ئەرەپ ئىمپىرىيىسىنىڭ پادىشاھى بولىدۇ، ئۇننەچچە خوتۇن، نۇرغۇن قۇل، زىمىن ۋە بايلىققا ئېرىشىدۇ. |
| مۇسا قەدىمقى مىسىرنىڭ بارلىق بىلىملىرىنى ئىگەللىگەن. (ئەلچىلەر 7:22) | بارلىق بىلىم ۋە پاراسەت، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدىدۇر. (كولوسىلىقلار 2:3) | مۇھەممەت ساۋاتسىز ئادەم ئىدى. (قۇرئان 7:157،158) |
| مۇسا مىدىيانىدىكى بىر قۇدۇق بېشىدا، سۇ ئالغىلى كەلگەن مىدىيانلىق بىر ئايالغا ياردەم قىلىپ، سۇ تارتىپ بېرىدۇ ھەم ئۇنىڭ قويلىرىنى سۇغىرىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 17ـ2:15) | ئەيسا سامارىيەدىكى بىر قۇدۇق بېشىدا، سۇ ئالغىلى كەلگەن سامارىيىلىك بىر ئايالغا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق سۈيىنى ئاتا قىلىدۇ. (يۇھاننا 14ـ4:3) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |
| مۇسا چۆل-جەزىرىدە 40 يىل ياشايدۇ. 40 كۈن روزا تۇتۇپ خۇدا بىلەن يېقىنلىشىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 7:7 ، 34:28) | ئەيسا چۆل-جەزىرىدە 40 كۈن تۇرۇپ، روزا تۇتۇپ، خۇدا بىلەن بىرگە بولىدۇ. (مەتتا 4:1،2 ، لۇقا 4:2 ، ئەلچىلەر 7:23) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى بارلىقى خاتىرلەنمىگەن. |
| مۇسا مىسىردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، دالىدا قوي بېقىپ قويچى بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا خۇدا ئۇنىڭغا ئايان بولىدۇ. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 3:1) | ئەيسا ياخشى قويچىدۇر. ئۇ ئۆز قويلىرىنى سۆيىدۇ ، ھەتتا ئۇلار ئۈچۈن ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 16ـ10:11) | مۇھەممەتنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن مەخسۇس قويچى بولۇپ باققانلىقى ياكى قويچى دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا قۇرئاندا خاتىرە يوق. ئۇ كاتتا باي خوتۇن بىلەن توي قىلىپ سودىگەر بولىدۇ. |

| | | |
|---|---|---|
| مۇسا جىن ـ شەيتانلارنىڭ كۈچىنى بىتچىت قىلىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 12 ـ 7:10) | ئەيسا جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا، ماركوس، لۇقا، يۇھاننا) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى بارلىقى خاتىرلەنمىگەن. |
| خۇدا مۇساغا خۇددى ئىلاھقا ئوخشايدىغان ئالاھىدە ھوقۇقنى ئاتا قىلىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 4:16 ، 7:1) | ئەيسا مەسىھتە خۇددى ئىلاھقا ئوخشايدىغان ئالاھىدە ھوقۇق بار ئىدى. مەسىلەن ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈش. (ماركوس 2:5) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق ئالاھىدە ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكى خاتىرلەنمىگەن. |
| مۇسا ھاسىسىنى كۆتىرىشى بىلەنلا، خۇدا قاتتىق بوران چىقىرىپ، قىزىل دېڭىزنىڭ سۈيىنى ئىككىگە ئايرىۋېتىدۇ. ئىسرائىللار دېڭىزدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 14:21،22) | ● ئەيسا مەسىھ بىر بۇيرۇق بىلەنلا بورانى تىنجىتىپ، دولقۇننى پەسەيتىدۇ. كېمىدىكىلەر دېڭىزدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. (مەتتا 27 ـ 8:23 ، لۇقا 25 ـ 8:22)<br>● ئەيسا مەسىھ سۇ يۈزىدە ماڭىدۇ. (مەتتا 33 ـ 14:22 ، يۇھاننا 20 ـ 6:16 ) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق مۆجىزە ۋە كارامەتلەرنى كۆرسەتكەنلىكى خاتىرلەنمىگەن. |
| ● ھورەب (سىناي) تېغىدا، خۇدا تىكەنلىك ئارىسىدا يالقۇنجاپ تۇرغان ئوت ئارقىلىق ئۆزىنى مۇساغا ئايان قىلىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 6 ـ 3:1)<br>● مۇسا ۋە ئىسرائىللار سىناي تاغ باغرىدا تۇرغاندا، خۇدا غايەت زور ئوت يالقۇنى ئىچىدە تاغقا چۈشىدۇ. پۈتۈن تاغنى ئىس ـ تۈتەك قاپلايدۇ.<br>● خۇدانىڭ پارلاق نۇرى تاغ ئۈستىگە چۈشىدۇ، ئۇ | ● ئەيسا مەسىھ كىشىلەرنى مۇقەددەس روھ ۋە ئوت بىلەن چۆمۈلدۈرىدۇ. (مەتتا 3:11)<br>● ئەيسا مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتىرىلگەندىن كېيىن، شاگىرتى يۇھانناغا ئۆزىنى ئايان قىلىدۇ، ئۇنىڭ چىرايى خۇددى قۇياشتەك پارلاق بولۇپ، كۆزلىرى گويا يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتتەك ئىدى. (ۋەھىيلەر 1:14،16) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى ياكى ئىقتىدارى يوق. مۇھەممەت ئەزەلدىن خۇدا بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ باقمىغان، پەقەت ئۆزىنى جەبرائىل دەپ ئاتىۋالغان بىر روھ بىلەن سۆزلەشكەن. |

| | | |
|---|---|---|
| ئىسرائىللارنىڭ كۆزىگە خۇددى يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتتەك كۆرۈنىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 19:17،18 ، 24:16،17) | | |
| مۇسا ئىسرائىللارنى زۇلۇم ۋە مىسىرنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتقۇزىدۇ. (مىسىردىن چىقىش) | ئەيسا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى گۇناھ ۋە شەيتاننىڭ قۇللۇقىدىن قۇتقۇزىدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 53 ، ئىنجىل ـ يۇھاننا 8:32ـ36 ، رىملىقلار 6:18ـ22 ، 8:2 ، گالاتىيالىقلار 5:1 ، ۋەھىيلەر 20 ، 21 ، 22) | مۇھەممەت توغرىسىدا بۇنداق خاتىرە يوق. ئۇ ئەرەپلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ دىنى تۈس ئالغان «ئەرەپ ئىمپېرىيىسى» گە ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. نۇرغۇن خەلقلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئەرلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاياللىرىنى قۇل قىلىدۇ. |
| مۇسا ھارۇن ئارقىلىق خۇدانىڭ نامى بىلەن ئىسرائىللارغا بەخت تىلەيدۇ. (تەۋرات ـ نوپۇس سانى 6:22ـ27) | ئەيسا كىشىلەرگە خۇدادىن كەلگەن بەختنى ئاتا قىلىدۇ. (مەتتا 5:1ـ12) ئەيسا شاگىرتلىرىغا باشقىلارغا بەخت تىلەڭلار دەپ ئۆگىتىدۇ. (لۇقا 6:27ـ28) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق. |
| مۇسا 70 ئادەمنى تاللاپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ، خەلقنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. (نوپۇس سانى 11:16،17) | ئەيسا 70 ئادەمنى تاللاپ، ئۇلارنى خەلقنىڭ ئىچىگە ئەۋەتىپ، خۇدانىڭ دۆلىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى جاكارلايدۇ. (لۇقا 10:1ـ17) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق. |
| مۇسا ئىسرائىللارنىڭ 12 قەبىلىسىدىن 12 ئادەمنى تاللاپ، خۇدا ئاتا قىلغان زېمىننى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. (نوپۇس سانى 1:22،23) | ئەيسا 12 شاگىرتنى تاللاپ، ئۇلارغا كېسەللەرنى ساقايتىش، جىنلارنى ھەيدەش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلىپ، خەلقنىڭ ئىچىگە ئەۋەتىدۇ. (مەتتا 6:7ـ13) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق. |

| | | |
|---|---|---|
| خۇدا ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ چوڭ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ مۇساغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 7:10ـ25 ، 8ـ12 ، 14:21،22 ، 17:6،7 ، قانۇن شەرھى 4:10ـ16 ، 5:23ـ26 ، ئىنجىل ـ ئەلچىلەر 7:36) | ئەيسا مەسىھ ئىسرائىللارنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ چوڭ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ، خۇدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 5:8 ، 8:14ـ34 ، 14:13 ، 27:52 ، لۇقا 5 ، 7:11 ، 8 ، يۇھاننا 20:30،31 ... ) | خۇدا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مۇھەممەتكە بىۋاستە گۇۋاھلىق بېرىپ باقمىغان، مۇھەممەت ھېچقانداق مۆجىزە كۆرسىتەلمىگەن. (قۇرئان 2:118 ، 6:37 ، 13:7،27 ، 17:59،90،93 ، 20:133 ، 28:48) |
| مۇسا ماخاۋ كېسىلى بولغانلارنى ساقايتىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 4:6،7) | ئەيسا ماخاۋ كېسىلى بولغانلارنى ساقايتىپ پاك قىلىدۇ. (لۇقا 17:11ـ19) | مۇھەممەت بۇنداق قىلىپ باقمىغان. |
| مۇسا چۆل جەزىرىدە مۆجىزىلىك ئۇسۇل بىلەن ئىسرائىللارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 16 ) | ئەيسا چۆل دالىدا مۆجىزىلىك ئۇسۇل بىلەن نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. (مەتتا 14:15ـ21) | مۇھەممەت بۇنداق قىلىپ باقمىغان. |
| مۇسا خۇدا بىلەن يۈز تۇرانە ئۇچراشقان، سۆزلەشكەن ۋە بىۋاستە مۇناسىۋەت باغلىغان. (مىسىردىن چىقىش 16:15 ، 33:11ـ14 ، نوپۇس سانى 9:8،9 ) بۇنى قۇرئانمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. (قۇرئان 4:164) | ئەيسا مەسىھ ئەزەلدىن خۇدا بىلەن بىرگە بولغان، يەر يۈزىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ خۇدا بىلەن بىۋاستە ھەم ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇ ئۆلۈپ تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ يەنە خۇدا بىلەن بىرگە بولغان. (يۇھاننا 1:1ـ18 ، 6:46 ، 7:29 ، 15 ، 17:5 ، مەتتا 11:27 ، 17:2ـ8 ، ماركوس 16:19) | مۇھەممەت ئاللا بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ باقمىغان، بەلكى ئارىلىقتا ئۆزىنى ئاللانىڭ پەرىشتىسى (جەبرائىل) دەپ ئاتىۋالغان بىر روھ ئۇنىڭغا ئاللانىڭ ۋەھىسىنى يەتكۈزگەن. مۇھەممەت ئاللانى ناھايىتى يىراقتا، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 42:51 ، بۇخارى ھەدىسلىرى 1:1:3 ، 4:55:605 ، 6:60:478 ، 9:87:111 ) |

| | | |
|---|---|---|
| مۇسا تاغقا چىقىپ، خۇدا بىلەن كۆرۈشۈپ، تەۋرات قانۇنىنى ئېلىپ چۈشكەندە، خالايىق ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر چىقىۋاتقىنىنى كۆردى. (مىسىردىن چىقىش 34:30، 35) | ● ئەيسا تاغقا چىققاندا، ئۇنىڭ شەكلى ئۆزگىرەپ، چىرايى قۇياشتەك پارلايدۇ، ئۈچىسىدىكى كىيىمى ئاپپاق نۇر چاچىدۇ. (مەتتا 17:2)<br>● ئەيسا مەسىھ ئەرىشتىمۇ چىرايى قۇياشتەك پارلايدۇ. (ۋەھىلەر 1:13_16 ) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق بولۇپ باققانلىقى خاتىرلەنمىگەن. «جەبرائىل؟» ئۇنىڭغا ۋەھى يەتكۈزگەندىمۇ، ئۇنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ باقمىغان. ئەكسىچە ھەر قېتىم ۋەھى كەلگەندە قىينىلىپ ئىنتايىن ئازاپلانغان. |
| ● مۇسا ئېلىپ كەلگەن تەۋرات قانۇنى، خۇدانىڭ ھەققانىيىتى بىلەن مېھرى شەپقىتى ئاساسىدا چىقىرىلغان بولۇپ، گۇناھ ۋە ئۇنى يۇيۇش توغرىسىدىكى قائىدە_تۈزۈملەردۇر. (مىسىردىن چىقىش 20، 23)<br>● مۇسا ئەركەك موزايلارنى قۇربانلىق قىلىدۇ. ئاندىن قۇربانلىق مالنىڭ قېنىنى خالايىقنىڭ ئۈچىسىغا سېپىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئەھدە قېنىدۇر، خۇدانىڭ ئىسرائىللار بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنىڭ ئاساسىدۇر. (مىسىردىن چىقىش 24:4_8) | ● ئەيسا تەۋرات قانۇنى بۇيىچە ياشىدى، تەۋرات ۋە قەدىمقى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىشارەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن قۇربان بولدى. (يۇھاننا 1:29، 36 ، ئىبرانىلار 9:22)<br>● بۇرۇنقى زامانلاردا ئىسرائىلار تەۋرات قانۇنى بۇيىچە قوي ياكى موزايلارنىڭ قۇربانلىق قېنىنى تۆكۈش ئارقىلىق گۇناھلىرىنى يۇياتتى. ھالبۇكى ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق پاك قېنىنى تۆكۈپ، ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇدى، ئىنسان قەلبىدىكى ناپاكلىقلارنى تازلىدى. ئۇ خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى يېڭى ئەھدىنىڭ ۋاستىچىسىدۇر. (ئىبرانىلار 9:11_15) | مۇھەممەتنىڭ ئېتىقاتىدا گۇناھنى يۇيۇش قۇربانلىقى دەيدىغان ئۇقۇم يوق.<br>مۇسۇلمانلاردا گەرچە قوي_كالىلارنى قۇربانلىق قىلىش ئادىتى بولسىمۇ، ئەمما بۇ گۇناھ يۇيۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يامانلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساۋاپ تېپىش ياكى ئاللانى خۇش قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. دېمەك مۇھەممەت تەۋرات قانۇنىدىكى قۇربانلىق قىلىش ئادىتىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن. |

| | | |
|---|---|---|
| مۇسا چۆلدىكى قورام تاشتىن سۇ چىقىرىپ، خەلقنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 17:6) | ● ئەيسا مەسىھ بەرگەن سۇنى ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئېتىلىپ چىققان بىر بۇلاققا ئايلىنىپ، ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. (يۇھاننا 4:14 ، 7:37،38)<br>● قەدىمدە چۆلدە ئىسرائىللارغا سۇ بەرگەن ئاشۇ قورام تاش دەل ئەيسا مەسىھنىڭ سىموۋۇلىدۇر. ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارغا ھاياتلىق سۈيى بېرىدىغان روھى قورام تاشتۇر. (I كورىنتلىقلار 10:4 ،) | قۇرئاندا مۇھەممەت توغرىسىدا بۇنداق خاتىرىلەر يېزىلمىغان. |
| بۇلۇت ۋە خۇدانىڭ ئاۋازى مۇسا پەيغەمبەرگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (نوپۇس سانى 11:25) | بۇلۇت ۋە خۇدانىڭ ئاۋازى ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (مەتتا 17:4،5) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |
| مۇسانىڭ ئالدىن بەرگەن بېشارەتلىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ. (قانۇن شەرھى 18:15ـ22 ، 28) | ئەيسانىڭ ئالدىن بەرگەن بېشارەتلىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ. (مەتتا 24) | مۇھەممەت جەڭدە غەلىبە قىلىش توغرىسىدا بېشارەت قىلغاندىن باشقا، كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا ئالدىن روشەن بېشارەت بېرىپ باقمىغان. |
| ئىسرائىللار مۇسانى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان. (مىسىردىن چىقىش 5:21 ، 17:2ـ4 ، نوپۇس سانى 11:1ـ33) | ئىسرائىللار ئەيسانى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان. (لۇقا 4:16ـ30 ، يۇھاننا 8:58،59 ، 11:47ـ50 ) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |

| | | |
|---|---|---|
| مۇسا خۇدادىن ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىشنى تىلەپ، ئۆلارنىڭ ئورنىدا ئۆزىنى جازالىشنى تەلەپ قىلىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 32:30ـ32) | ئەيسا كرىستتا قۇربان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن مەڭگۈلۈك قۇربانلىقنى بېرىدۇ. (يەشايا 53:5 ، مەتتا 26:28) | مۇھەممەت بۇنداق قىلىپ باقمىغان. |
| مۇسانىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ۋە ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈمىدى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئىسرائىللارنىڭ خۇدا ۋەدە قىلغان زېمىنغا كىرەلىشى ئىدى. (قانۇن شەرھى، يەشۇئا) | ئەيسانىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ۋە ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈمىدى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشىپ، خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك دۆلىتىگە كىرەلىشى ئىدى. (رىملىقلار 8:34 ، Iكورىنتلىقلار 15:3،22 ، IIكورىنتلىقلار 5:15 ، Iسالونىكالىقلار 5:9،10) | مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |
| مۇسا خۇدادىن ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (مىسىردىن چىقىش 32:31،32) | ئەيسا خۇدادىن ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (لۇقا 23:34) | مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |
| مۇسا ئۆزىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلىدۇ. (نوپۇس سانى 20:12 ، قانۇن شەرھى 34:4،5) | ئەيسا ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلىدۇ. (يەشايا 53 ، يۇھاننا 1:29 ، 10:14ـ16 ، Iكورىنتلىقلار 15:3) | مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |
| مۇسا ئۆلگەندىن كېيىن باش پەرىشتە مىكائىل ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ. (يەھۇدا 9) | ئەيسا مەسىھ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسىدە پەرىشتىلەر پەيدا بولىدۇ. (يۇھاننا 20:11ـ13) | مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |

| | | |
|---|---|---|
| مۇسا ئۆلگەندىن كېيىنمۇ كىشىلەرگە كۆرۈنىدۇ. تاغدا مۇسا پەيغەمبەر بىلەن ئىلياس پەيغەمبەر ئەيسا مەسىھنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ. (مەتتا 17:3 ، ماركوس 9:1ـ8 ، لۇقا 9:28ـ36 ) | ئەيسا مەسىھ ئۆلۈپ تىرىلگەندىن كېيىن، قەبرە بېشىغا چىققان ئاياللارغا، 11 شاگىرتىغا ۋە 500 دىن ئارتۇق ئادەمگە كۆرۈنىدۇ. (مەتتا 28:1ـ14 ، ماركوس 16:1ـ14 ، لۇقا 24 ، يۇھاننا 20،21 ، ئەلچىلەر 1:1ـ3, 6ـ9 ، كورىنتلىقلارI 15:4ـ6 ) | قۇرئاندا مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |
| مۇسا ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى. (مىسىردىن چىقىش 2:1 ، 3:15) | ئەيسا ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى. (مەتتا 1:2،16) | مۇھەممەت ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، ئۇ ئۆزىنى ئىسمايىلنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان. |
| مۇسا خۇدانىڭ خەلقىگە خىزمەت قىلغاندا، خۇداغا ئىنتايىن سادىق ئىدى. (ئىبرانىلار 3:2ـ5 ) | ئەيسا خۇدانىڭ خەلقىگە خىزمەت قىلغاندا، خۇداغا ئىنتايىن سادىق ئىدى. (ئىبرانىلار 3:2ـ5 ) | مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |
| مۇسا خۇدا بىلەن ئىسرائىللار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كونا ئەھدىنىڭ ۋاستىچىسىدۇر. (مىسىردىن چىقىش 19 ، 20 ، 24:8) | ئەيسا خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن يېڭى ئەھدىنىڭ ۋاستىچىسىدۇر. (كورىنتلىقلارI 11:25 ، ئىبرانىلار 9:15 ، 12:24) | مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |

## ئەيسا مەسىھ ئېيتقان كەلگۈسىدە كېلىدىغان «يارىيۆلەكچى» مۇھەممەتمۇ؟

● ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: «مەن خۇدا ئاتامدىن سىلەرگە باشقا بىر يارىيۆلەكچى ئاتا قىلىشنى تىلەيمەن، ئۇ سىلەر بىلەن مەڭگۈ بىرگە تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتكە باشلىغۇچى مۇقەددەس روھتۇر. ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرى قوبۇل قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنى كۆرمەيدۇ ھەم

تونۇمايدۇ. بىراق سىلەر ئۇنى تونۇيسىلەر. ئۇ دائىم سىلەر بىلەن بىللە تۇرىدۇ ۋە سىلەردە ياشايدۇ.» (ئىنجىل-يۇھاننا 14:16،17)

● ئەيسا مەسىھ بىشارەت قىلغان كەلگۈسىدە كېلىدىغان «يارىيۆلەكچى» (paracletos) ئېتىقاتچىلار بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ، ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرى كۆرەلمەيدۇ، ئۇ ھەقىقەتكە باشلىغۇچى مۇقەددەس روھ بولۇپ، خۇدانىڭ يېنىدىن كېلىدۇ، ئۇ ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىنى نامايەن قىلىدۇ.

(ئىنجىل-يۇھاننا 14:16،17،26 ، 15:26 ، 14-16:7)

● ھالبۇكى، مۇھەممەتنىڭ ئەيسا مەسىھ بىشارەت قىلغان كەلگۈسىدە كېلىدىغان ئاشۇ «يارىيۆلەكچى» بولىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى:

○ مۇھەممەت ئېتىقاتچىلار بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولالمايدۇ، ئۇ 63 يېشىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

○ مۇھەممەت ئېتىقاتچىنىڭ ئىچىدە ئەمەس، بەلكى تېشىدا ياشايدۇ، چۈنكى ئۇ روھ ئەمەس.

○ ھەممە كىشى مۇھەممەتنى كۆرەلەيدۇ، چۈنكى ئۇمۇ ئادەتتىكى بىر ئادەم.

○ مۇھەممەت خۇدانىڭ يېنىدىن يەنى ئەرشتىن كەلگەن ئەمەس.

○ مۇھەممەت ئەيسا مەسىھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى نامايەن قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزىنى ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەر قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

● بەزى مۇسۇلمانلار ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان «يارىيۆلەكچى» (paracletos) دىگەن گىرىكچە سۆزنى ئەسلىدە داڭلىق دىگەن مەنىدىكى گىرىكچە سۆز periclytos ئىدى دەيدۇ. بىراق ئەمىلىيەتتە، ھازىرغىچە تېپىلغان بارلىق ئىنجىل قولىيازما نوسخىلىرىدا بۇ سۆز paracletos (يارىيۆلەك بولغۇچى) دەپ يېزىلغان بولۇپ، periclytos (داڭلىق) دەپ يېزىلىپ باقمىغان. periclytos (داڭلىق) دىگەن بۇ گىرىكچە سۆز مۇقەددەس كىتاپنىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئۇچرىمايدۇ.

● ئەمىلىيەتتە، ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھ ئالدىن بىشارەت قىلغان «يارىيۆلەكچى» يەنى خۇدادىن كېلىدىغان مۇقەددەس روھ ئاللىبۇرۇن كېلىپ بولغان. ئەيسا مەسىھ تىرىلىپ 40-كۈنى ئاسمانغا كۆتۈرىلىدۇ، 50-كۈنى ئورما ھېيتىدا، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىرۇسالىمغا جەم بولۇپ دۇئا قىلىدۇ. بۇ چاغدا تۇساتتىن ئاسماندىن قاتتىق شامال چىققاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئۇلار تۇرغان ئۆينى قاپلايدۇ. خۇددى ئوت يالقۇنىدەك بىر نەرسە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا چۆمۈپ، خۇدا ئاتا قىلغان ئالاھىدە

قابىلىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ، ھەممە شۇنىڭدىن باشلاپ يۈرەكلىك ھالدا خۇش خەۋەر تارقىتىشقا باشلايدۇ. (ئەلچىلەر 2 ـ باب)

● خۇدانىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرىنى ئالداپ، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى 600 يىل ساقلىتىشى، ئاندىن ئەرەپلەرنىڭ ئىچىدىن مۇھەممەتنى «ياريۆلەكچى» قىلىپ تىكلىشى مۇمكىن ئەمەس.

● يىغىپ ئېيتقاندا، مۇقەددەس كىتاپتا، ئەرەپلەرنىڭ ئىچىدىن ئاتالمىش ئەڭ ئاخىرقى بىر پەيغەمبەر ـ مۇھەممەتنىڭ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق بىشارەت بېرىلمىگەن. قۇرئان ۋە مۇھەممەتنىڭ تەلىملىرى بىلەن مۇقەددەس كىتاپ ۋە ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرى ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلارغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر بولىشى مۇمكىن ئەمەس.